- ئۇيغۇرچە رومانلارچۇ؟ مەسىلەن، « ئويغانغان زېمىن »، « ئانا يۇرت » دېگەندەك.

- ئەلۋەتتە، بار.

- تۈركچە گراماتىكا ۋە تۈركچە لۇغەت بارمۇ؟

- تۈركچە گراماتىكا ۋە تۈركچە لۇغەت يوق.

**يېڭى سۆز – ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| Dördüncü | تۆتىنچى |
| Kalem | قەلەم |
| Depter | دەپتەر |
| Gramer | گراماتىكا |
| Nehir | دەريا |
| Uzun | ئۇزۇن |
| Dağ | تاغ |
| Yüksek | ئېگىز |
| Şehir | شەھەر |
| Eski | قەدىمكى |
| Üstelik, aynı zamanda | شۇنداقلا |
| Başkent | پايتەخت |
| Kütüphane | كۈتۈپخانا |
| Kaçıncı | نەچچىنچى |
| Yıl | يىل |
| İşte bu | مانا |



**گراماتىكا**

**1. قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشى**

(1) قوشۇمچىلار: ئۆز ئالدىغا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان، سۆزلەرگە قوشۇلۇپ سۆزنىڭ مەنىسىنى ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان تەركىب، قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: چى- ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق مەنە بىلدۈرمەيدۇ، بىراق ئىش، دېگەن

سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىشچى غا ئۆزگەرتىدۇ. يەنە، لار- قوشۇمچىسى ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق مەنە بىلدۇرمەيدۇ، بىراق ساۋاقداش، دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇلغاندا، ساۋاقداشلار بولىدۇ، گراماتىكىلىق جەھەتتە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ.

(2) قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى: ئۇيغۇرتىلىدا ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ ھاللاردا تاۋۇش جەھەتتە پەرقلىق شەكلىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتى،دەپ ئاتىلىدۇ. مەسلەن: لار-،لەر- قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ، پەقەت تاۋۇش جەھەتتىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(3) قوشۇمچىلارنىڭ تۈرلىرى:

① رولىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىدىكى قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

A، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ.



. مەسلەن:

- غۇچى: ئوقۇ + غۇچى ← ئوقۇغۇچى
- داش: ساۋاق + داش ← ساۋاقداش

B، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار: سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسلەن:

ساۋاقداش (بىرلىك) + لار ← ساۋاقلاشلار (كۆپلۈك)

دەپتەر (بىرلىك) + لەر ← دەپتەرلەر (كۆپلۈك)

②ۋارىياتنىڭ فونېمىلىق تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى تىل ئالدى، تىل كەينى، لەۋ، جاراڭلىق، جاراڭسىز، ئوچۇق، يېپىق قاتارلىق 8 تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەرسلىرىمىزدە ئالدى، كەينى بولۇپ ئىككى تۈرلۈك قوشۇمچە ھەققىدە توختالغان ئىدۇق.

**2-تىل ئالدى قوشۇلغۇچىلار ۋە تىل كەينى قوشۇلغۇچىلار**

(1) تىل ئالدى قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

① بىرىنچى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار، مەسىلەن: - لەر؛

② قوشۇمچىلاردا گ ياكى ك بولغانلار، مەسىلەن: - گىچە، - كىچە.

(2) تىل كەينى قوشۇلغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

① بىرىنچى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )تىل ئارقى سوزق تاۋۇش بار، مەسىلەن: - لار;

② قوشۇمچىلاردا ق ياكى غ قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ، ئۇلار – غىچە، - قىچە.

**3- سۆز تومۇرى( سۆز يىلتىزى ) ۋە سۆز تومۇرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى**

① مۇستەقىل (باش) مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز يىلتىزى دېگەندە، ئۇنىڭ ياسىغۇچى مورفېملار ياكى تۈرلىگۈچى مورفېملار ۋە ياكى باشقا مۇستەقىل مورفېملار بىلەن بىرىكمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: باش، كىشى، ئالتە، يەتمىش، ئىنتايىن، ئوقۇ-، سەكرە-، دانە-، تونىنا، مۇ، قىزىل، ئاق..........

②ۋارىياتىنىڭ فونېمىلىق تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرتىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى تىل ئالدى، تىل كەينى، لەۋ، جاراڭلىق، جاراڭسىز، ئوچۇق، يېپىق قاتارلىق 8 تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**4- تىل ئالدى سۆز تومۇرى ۋە تىل كەينى سۆز تومۇرى**

(1) تىل ئالدى سۆز تومۇرى ۋە تىل كەينى سۆز تومۇرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

① ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمدا ( تاق بوغۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن: دەپتەر، ئۆي، غالىبىيەت، گۈل

② ئەڭ ئاخىرقى بىر بوغۇم ياكى ئاخىرقى بىر نەچچە بوغۇمدا ئارا سوزۇق تاۋۇش بار،ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا يەنە ئالدى سوزۇق تاۋۇش بار. مەسىلەن:

مۇئەللىم، خوتەنلىك

③ ھەر بوغۇمدا ئارا سوغۇق تاۋۇش بولۇشى مۇمكىن، ھەمدە سۆز يىلتىزىدا گ ياكى ك قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بار. مەسىلەن:

كىم، گېزىت

(2)كەينى سۆز تومۇرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.